سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# خەلقئارا سەھنىگە چىقىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ماۋ زېدۇڭ «ئۆيىنى پاكىز تازىلاپ ئاندىن مېھمان چاقىرىش» دىپلوماتىيە فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خورلۇق دىپلوماتىيەسىدىن قۇتۇلۇش ئىرادىسى ۋە دىپلوماتىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چاۋشيەن ئۇرۇشى توختىغاندىن كېيىن، خەلقئارا ۋەزىيەت خېلى پەسىيىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى تەدرىجىي ئۆستى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەنۋە يىغىنى ۋە باندۇڭ يىغىنىغا قاتناشقانلىقى يېڭى جۇڭگونىڭ خەلقئارا سەھنىگە چىققانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بولدى.

1954 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، جوۋ ئېنلەي ئۆمەك باشلاپ جەنۋە يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم بەش چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولۇشتەك ئورنى ۋە سالاھىيىتى بىلەن خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىشى. جوۋ ئېنلەي جىددىي موكسىمان دىپلوماتىيە ئېلىپ باردى، كۆپ تەرەپنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، يىغىن «جەنۋە يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىتابنامىسى»نى ھاسىل قىلدى، ھىندىچىنىدا تىنچلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى. يىغىن مەيدانىنىڭ سىرتىدا، جوۋ ئېنلەي بارلىق پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زاتلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭ سەممىي، ئوچۇق ـ يورۇق، زېرەك ۋە قامالاشقان سېھرىي كۈچى كىشىلەردە، بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان، ئەسلىدە تەشۋىشلىنىپ تۇرغان كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

يىغىن توختاپ دەم ئېلىش مەزگىلىدە، جوۋ ئېنلەي ھىندىستان ۋە بىرمىدا زىيارەتتە بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرى بىلەن قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بىر ـ بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش. بۇ بارا ـ بارا خەلقئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئومۇمىي مىزانىغا ئايلاندى.

1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جوۋ ئېنلەي يەنە بىر قېتىم ئۆمەك باشلاپ ھىندونېزىيەنىڭ باندۇڭدا ئېچىلغان ئاسىيا ـ ئافرىقا يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان بەزى دۆلەتلەر يېڭى جۇڭگونى چۈشەنمىگەچكە، سۆزىدە كوممۇنىزمنى تەنقىد قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، جوۋ ئېنلەي سۆزىنىڭ باشلىنىشىدىلا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى جېدەللىشىش ئۈچۈن ئەمەس ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن كەلگەن.» «جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن كەلگەن.» يىغىندىكى جىددىي كەيپىيات جوۋ ئېنلەينىڭ سۆزى بىلەن ئۆزگەردى. يىغىن ئەڭ ئاخىرى «ئاسىيا ـ ئافرىقا يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاخباراتى»نى ھاسىل قىلىپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئون پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئەمەلىيەتتە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ يەنىمۇ گەۋدىلىنىشى ۋە كېڭەيتىلىشىدۇر.

باندۇڭ يىغىنىدا نامايان قىلىنغان ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت «باندۇڭ روھى» ئاسىيا ـ ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن تارىخىي بىر بەت ئېچىپ بەردى، شۇنداقلا يېڭى جۇڭگوغا تېخىمۇ كۆپ خەلقئارا دوستلارنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېغىر نامرات ناھىيە ـ شەھەرلەرنىڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش»نى چۆرىدەپ، مەخسۇس تېمىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، لەي جىڭگاڭ قاتارلىق 12 يولداش سۆز قىلدى. دائىمىي كومىتېت ئەزاسى لەي جىڭگاڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسىپلەر تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە قوللاپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى شىي شۈەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يەرلىك كارخانىلار ۋە يېزىلاردىكى قابىللارغا پائال يار ـ يۆلەك بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەت «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» خىزمىتىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، مەدەت بېرىدىغان، قاتنىشىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بۇخەلچەم ئەمىنىيېلى مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كاپالەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئېلېكتىرونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بۇھەجەر ئابلا مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئىرادە جەھەتتە يۆلەش، ئەقلىي جەھەتتە يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، سىجىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يۆنىلىش قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك؛ ئەزا جۇ گاڭ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىكى تىجارەتچى سۇبيېكتلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، باشلامچى كارخانىلارنى يۆلەپ، باغچە رايون قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئەزا ئابلىكىم ھۇسەيىن مۇنداق تەكلىپ بەردى: «يېقىن»، «پاك» يېڭىچە ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنىڭ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش توغرىسىدىكى تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى جىن شەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: قانۇن كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى قانۇنچىل مۇھىت يارىتىش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى جياڭ پېڭئەن جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سۈپىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى پۇ شۆمېي مۇنداق تەكلىپ بەردى: پۇقراۋى كارخانىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىش غەيرىتى، قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك؛ گاۋ جيەنجۈن سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: بانكا بىلەن كارخانىنىڭ ئۇدۇللىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەرەققىيات مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىش سۈپىسى ۋە مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى جارقىنبېك خۇدايگېن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنى قوللايدىغان خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى پۇقراۋى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش كېرەك؛ لۇ ۋېيلۇڭ تۇمشۇق شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشكە ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: تۈرلۈك سىياسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، جانلىق پايدىلىنىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئارتۇق ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا كېلىپ سۆزنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار ۋە ئالاقىدار تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئىزاھات بەردى، مۇئاۋىن رەئىس ياڭ يۈڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن كۆك شىڭلۇڭ، ئىلھام سابىر، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتىكى تەجرىبە، چارىلىرىنى خۇلاسىلەپ ئومۇملاشتۇردى ھەم كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ باغ ـ ئورمانچىلىقىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، چوڭقۇر، ئۇزاق. 2018 ـ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى چۆرىدەپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، مېۋە ھوسۇلى، سۈپىتى، سېتىلىش باھاسىدىكى «ئۈچ ئېشىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا كۈچلۈك تىرەك بولۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشەنچىسى، ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق ئىرادىسىنى ساقلاپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، پەرقلەرنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنى يېشىللاشتۇرۇش، ئەلالاشتۇرۇش، خاسلاشتۇرۇش، سۈپەتلىك ماركىغا ئايلاندۇرۇشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ ئۇنۇمپىرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە تىجارەت ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، باغ ـ ئورمان پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئەلالىشىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى، ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئەتىيازدا ئىلگىرى سۈرۈش، يازدا پەرۋىش قىلىش، كۈزدە تىزگىنلەش، قىشتا ئاسراشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مېۋىلىك دەرەخ بىلەن ئاشلىق، مېۋىلىك دەرەخ بىلەن كېۋەزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئۆلچىمىنى يولغا قويۇپ، مېۋىلىك باغنى تازىلاش، شالاڭلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۇنۇمپىرسال باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مەھەللىۋى ئوغۇت، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، ئورگانىك تاشلاندۇق بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنى دۆۋىلەپ ئېچىتىپ ئېتىزغا قايتۇرۇپ، قىچىنى ئاغدۇرۇپ ئېتىزغا قايتۇرۇپ، يەرنى كۈچلەندۈرۈپ، باغ ـ ئورماننىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋە ئىھاتە ئورمان تورى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، باغ ـ ئورمان بازىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزىلاردىكى ئەمەلىي ئىختىساسلىقلار باشلامچىلىرىنى تەربىيەلەش پىلانى ۋە «بىر ئائىلىدە بىر زېرەك ئادەم بولۇش» بويىچە تەربىيەلەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، باغ ـ ئورمان تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باغ ـ ئورمان كەسپىي تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون تۇرۇشقا ئەۋەتكەن باغ ـ ئورمان پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەتچى ئۆمىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە نەتىجىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، باغ ـ ئورمان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تىرەك بولۇش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۈرلۈك يېڭىچە تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش تىجارىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ، كۆپ مەنبەلىك يېڭىچە كەسپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، باغ ـ ئورمان كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك ماركا يېتىشتۈرۈش ۋە بازار ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، باغ ـ ئورمان بازىرى ماركېتىنىڭ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كەڭ ساھە ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا باغ ـ ئورمان مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دائىملىق خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، يېڭىچە تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاشنى كۈچەيتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك، پۇختا ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# سەممىيەت ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق كېڭىشىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش

□ جۇڭ شېڭ

ئامېرىكا ئاقساراي دۆلەت سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پېتىر ناۋارو 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنە تاراتقۇلارغا كونا مۇقامنى قايتا توۋلىدى، تېخى ئۆزىنى ئامېرىكا تەرەپنىڭ نوپۇزلۇق ئاۋاز مەنبەسى دەپ ماختاندى. ئۇ داۋاملىق ئۆزى كەشىپ قىلغان «يەتتە تۈرلۈك جىنايەت» سەپسەتىسى بىلەن جۇڭگونى ئەيىبلەپ، تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىشتىكى «بارلىق يۈك»نى جۇڭگو ئۈستىگە ئالىدۇ دېگەن يالغان گەپنى داۋاملىق ئويدۇرۇپ چىقاردى. بۇ بىمەنە سۆزلەر جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كېڭىشىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش چوڭ يۆنىلىشىگە زىت بولۇپ، ئىجادىيلىقتىن قىلچە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئاڭلىغىنى ناۋارونىڭ «سەممىي كۆڭلى» بىلەن خەلقئارا بازارغا يەنە سوغۇق سۇ سەپمەكچى بولغانلىقى بولدى. ئالدىنقى بىر باسقۇچتا، ئامېرىكا پاي بازىرىدىكى بەزى ئىنكاسلار مەسىلىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بەردى: جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا ياخشى نىيىتىنى ئىپادىلىگەندە، ئامېرىكىدىكى ئۈچ چوڭ پاي كۆرسەتكۈچى تەڭلا ئۆرلىدى؛ ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسى ئۆسكەن ياكى ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆزلەر بىلەن ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئۈچ چوڭ پاي كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە چۈشتى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يەنى ناۋارو تۇنجى قېتىم ئاتالمىش «يەتتە تۈرلۈك جىنايەت» سەپسەتىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىنكى تۇنجى سودا كۈنىدە، ئۆلچەم پۇر 500 كۆرسەتكۈچى ۋە ناسداك ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچىدە بىرلا ۋاقىتتا 8 ـ ئايدىكى بىر كۈنلۈك ئەڭ چوڭ چۈشۈش كۆرۈلدى. روشەنكى، بازارنىڭ كۈتىدىغىنى جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ قايتىدىن سۆھبەت ئۈستەلىگە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئىقتىسادى ھەتتا دۇنيا ئىقتىسادىغا ئاكتىپ ئامىل قوشۇشىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا تاراتقۇلىرى «ناۋارونىڭ زەئىپلىشىشى»نى قايتا ـ قايتا باش ماقالىنىڭ تېمىسى قىلىدۇ؟ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق، چۈنكى ناۋارونىڭ سەپسەتىسى ئىقتىساد ـ سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇردى، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كۈچكە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادنىڭ چېكىنىش خاراكتېرلىك تەسىرىنى ئۇلغايتىۋەتتى.

جۇڭگو تەرەپ ئىزچىل ئەڭ زور سەممىيىتى بىلەن جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا كېڭىشىشى ئېلىپ باردى، جۇڭگو تەرەپ دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش مەيدانىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، باراۋەر ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئۆزئارا ئېنىشىدىغان ئاكتىپ كۈچنى ئۈزلۈكسىز توپلىغاندىلا، ئاندىن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى داۋامىدا ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن.

ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئىقتىسادشۇناسلىق ساۋاتلىرى دەرسىنى تولۇقلىشى، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەنىڭ قەلب سادىسىنى ئاڭلاپ بېقىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ سابىق سودا مىنىستىرى گۇتىيېرسنىڭ يېقىندا قىلغان سۆزى ناھايىتى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ــ ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپ بىر ئىقتىساد ـ سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىپلا قالماي، يەنە «بىر خىل يېڭى ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى تېپىپ، ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك».

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا ۋاشىنگتوندا 13 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭىشىشى ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈشتى. ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىنى يارىتىشنىڭ پۇرسىتىنى توغرا ئۇسۇلدا ئىگىلەش ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئورتاق تونۇشىدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن يۆنىلىش ۋە يولنى بويلاپ ئورتاق تىرىشىپ، كېڭىشىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش كېرەك، بۇ بولۇشقا تېگىشلىك ئىجابىي پوزىتسىيە. ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلەرچە قىلغان سۆزلىرىنى توختىتىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كۈزلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەممىيىتى ۋە ھەرىكىتى بىلەن، كېڭىشىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**(2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جىنايى ئىشلار ساقچىسى خاۋ جىنمۇ: بەدىنىگە گىرانات يوشۇرۇۋالغان جىنايەت گۇماندارىغا باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېجياڭ، 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر خەن چاۋياڭ)** «دۆك سۆرۈنۈڭنىڭ ئىستىھكامنى پارتلاتقانلىقىدەك باتۇرلۇقنى كۆرگەن... بۈگۈنكى كۈندە، قەھرىمان بىزنىڭ يېنىمىزدا، ئۇ بولسىمۇ خاۋ جىنمۇ...» 41 يىل ئىلگىرى، سابىق لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جۇڭچېڭ يولى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى جۇۋ جىڭمېي كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولغان قەھرىمان خاۋ جىنمۇ ئۈچۈن مۇنداق قەسىدە يازغان: «ئىلگىرى دائىم قەھرىمان مەندىن بەك يىراقتەك ھېس قىلاتتىم، ئەسلىدە قەھرىمان يېنىمىزدىلا ئىكەن».

خاۋ جىنمۇ، 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان، خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرى مېڭجىن ناھىيەسىنىڭ خۇيمېڭ بازىرىدىن. 1971 ـ يىلى خاۋ جىنمۇ لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كىرىپ خىزمەت قىلغان، ھايات ۋاقتىدا لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ رازۋېدكىچىسى بولغان.

1977 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كېچىدە، لوياڭ ئوق قازان زاۋۇتى قورالىق بۆلۈمىدە زور ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بېرىپ، «56» تىپلىق ئىككى ئاپتومات، 11 تال گىرانات، 929 پاي ئوق ئوغرىلانغان. ئەگەر دېلو ۋاقتىدا پاش قىلىنمىسا، ئىنتايىن چوڭ بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپى ساقلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلەتتى.

لوياڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، دېلونى تېز پاش قىلىشقا بەل باغلىغان. نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ساقچى تەرەپ جىنايەت گۇماندارى يوشۇرۇپ قويغان بىر قىسىم ئوق ـ دورىلارنى تاپقان ھەم نۇقتىدا تۇرۇپ كۈتۈشنى قارار قىلغان.

خاۋ جىنمۇ دېلونى تەھقىق قىلىپ پاش قىلىش خىزمىتىگە پائال ئاتلانغان، ئۇ ئاچلىق ۋە چارچاشقا قارىماي، ئۇدا ئون نەچچە سائەت خىزمەت قىلىپ، تاكى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە كۆرەش قىلىش ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرغان. بۇ چاغدا، يۇقىرىدىن، جىنايەتچى ئونسۇر ئاپتومات، گىرانات ئېلىپ ھەرىكەتلىنىپتۇ، نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم، دېگەن جىددىي مەلۇمات كەلگەن. خاۋ جىنمۇ دەرھال ساقچى فورمىسىنى سېلىپ پۇقراچە كىيىنىپ، باشقا ئىككى يولداش بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ، جىنايەتچى ئونسۇرنى توسماقچى بولغان.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سائەت 0دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، جىنايەتچى ئونسۇر كۆرۈنگەندىن كېيىن، خاۋ جىنمۇ باشقا بىر يولداش بىلەن جىنايەتچى ئونسۇرغا يېقىنلاشقان ھەم ئۇنى قورشىۋالغان. تۇتۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، جىنايەتچى ئونسۇر تۇيۇقسىز گىراناتنىڭ پىلتىسىنى تارتىۋەتكەن. ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، خاۋ جىنمۇ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ جىنايەتچى ئونسۇرنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنى يەرگە بېسىۋالغان. ئېلىشىش جەريانىدا، گىرانات يەرگە چۈشۈپ پارتلىغان، يولداش خاۋ جىنمۇنىڭ بېشى، يۈزى، كۆكرىكى، پۇتى قاتارلىق ئون نەچچە يېرى يارىلىنىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ چاغدا 24 ياشتا ئىدى.

1977 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خاۋ جىنمۇغا ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ نام بېرىلگەن. 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى لوياڭ شەھەرلىك كومىتېتى يولداش خاۋ جىنمۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، دەپ ئېتىراپ قىلغان.

قەھرىمان مەڭگۈ ھايات. ئىنقىلابىي قۇربان خاۋ جىنمۇنىڭ يۇرتى مېڭجىن ناھىيەسىنىڭ خۇيمېڭ بازىرى لاۋچېڭ كەنتىدە، كەنتتىكى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خاۋ جىنمۇنىڭ قارا نىيەتلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇنى يارايدۇ دەپ ماختىشىدۇ.

خاۋ جىنمۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى خاۋ جىنپىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە داۋاملىق جىنايى ئىشلار ساقچىسى بولغان. «بىز ئاكا ـ ئىنى ئىككىلىمىز ۋاسكېتبول ئويناشنى ياخشى كۆرەتتۇق، مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى. كىچىك ۋاقتىمىزدا ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغان قوشنىمىز بار ئىدى، ئاكام ھەر كۈنى مېنى ئېلىپ بوۋايغا سۇ توشۇپ بېرەتتى، كەنتتىكىلەر ئۇنى تىلغا ئالغاندا، باشمالتىقىنى چىقارمايدىغىنى يوق.» 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى چىڭمىڭدا، خاۋ جىنپىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ لوياڭ شەھەرلىك ئىنقىلابىي قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئاكىسىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرىدۇ، خاۋ جىنمۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ئەۋلادلار ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ كەلمەكتە.

لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شېڭ ساۋفېي مۇنداق دېدى: يولداش خاۋ جىنمۇ قۇربان بولغاندا ئاران 24 ياشتا ئىدى، ئۇ ياشلىق باھارى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، خاۋ جىنمۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى لوياڭدىكى ئەۋلادمۇئەۋلاد جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۇلۇغ مۇساپىسىدە جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بەرمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)